# سلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە (كامىل) مۆمىن بولالمايدۇ

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە (كامىل) مۆمىن بولالمايدۇ
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئىمانى مۇكەممەل بىر مۆئمىن ئۆزىگە نېمىنى ياخشى كۆرسە قېرىندىشىغىمۇ شۇنى ياخشى كۆرۈشى لازىم. بۇ ياخشى كۆرۈش قېرىندىشىغا پايدىلىق بولىدىغان بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىشى كېرەك. مەيلى ئۇ دىنى جەھەتتىن ياكى دۇنيالىقتا بولسۇن، نەسىھەت، توغرا يولغا يېتەكلەش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارغا قېرىندىشىنى يېتەكلىشى، ئۆزى ئۆچ كۆرىدىغان زىيانلىق، ئەيىپ سانىلىدىغان ئىشلاردىن قېرىندىشىنى يىراقلاشتۇرۇشى لازىم

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4717

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee